ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى
ئومۇمىي 5 ـ سان
دېكابىر 2020

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «ئاقسۇ تىزىملىكى» ۋە خىتاينىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ «ئاقسۇ تىزىملىكى» ۋە خىتاينىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى

ۋاشىنگتونغا جايلاشقان كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى 9 - دېكابىر خىتاينىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ۋە خالىغانچە قولغا ئېلىشى ھەققىدە بىر دوكلات ئېلان قىلدى. دوكلاتتا 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ قانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بېرىلدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئاقسۇنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە تۇتقۇن قىلىنىپ لاگېرغا قامالغان 2000 ئۇيغۇرنىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرى ھەققىدە بىر پارچە مۇھىم دوكلات ئېلان قىلدى. بۇ تىزىملىككە «ئاقسۇ تىزىملىكى» دەپ نام بېرىلگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بۇ تىزىملىكنى تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تىزىملىكتىكى 2000 ئۇيغۇرنىڭ «ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى»(IJOP) دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى تەرىپىدىن قارا چېكىت قويۇلۇپ، تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى بۇندىن ئىلگىرى ئاشكارىلانغان «قاراقاش تىزىملىكى»دىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

> دوكلاتتا ئۇلار مۇنداق دېگەن: «ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى ‹ئاقسۇ تىزىملىكى›دىكى بۇ 2000 كىشىگە چېكىت ئۇرغان، يەرلىك خادىملار ئەھۋالنى باھالاپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى لاگېرلارغا ئەۋەتكەن».

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى مايا ۋاڭ مۇنداق دېدى: «ئاقسۇ

تىزىملىكى خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشىدا تېخنىكىنىڭ قانداق تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچە بېرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى تىزىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا جاۋاب بېرىشكە قەرزدار.

## ئۇلار نېمىشقا تۇتۇپ تۇرۇلدى؟ ھازىر ئۇلار قەيەردە؟

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 2018 - يىلى 2 - ئايدا تۇنجى قېتىم بۇ ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان. ئۇلار بۇ دوكلاتىدا خىتاي ھۆكۈمىتى رايوندا يولغا قويغان بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ رايوندىكى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە ئائىت كامېرا كۆرۈنۈشلىرى بىلەن باشقا بارلىق خۇسۇسىي ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چېكىت قويۇپ ماڭىدىغانلىقىنى، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ چېكىت قويۇلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى لاگېرلارغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. 2019 - يىلىدىكى يەنە بىر دوكلاتىدا، يۇقىرىقى بۇ چوڭ سانلىق مەلۇماتقا ئەۋەتىلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ زور بىر قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يانفونلىرىغا ئورنىتىلغان ساقچى جاسۇسلۇق ئەپلىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان.



دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، «ئاقسۇ تىزىملىكى» دىكى «ت» ئىسىملىك ئايال چوڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى «سەزگۈر دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىسى بار» دەپ چېكىت قويغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. تىزىملىكتە بۇ خانىمنىڭ 2017 - يىلى 3 - ئايدا بىر چەت ئەل نومۇرى بىلەن تۆت قېتىم تېلېفونلاشقانلىقى ۋە قانچە سېكۇنت سۆزلەشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى «ت» خانىم سۆزلەشكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ چەت ئەل نومۇرغا تېلېفون قىلىپ سىناپ باققان ۋە نەتىجىدە بۇ نومۇرنىڭ «ت» خانىمنىڭ چەت ئەلدە ياشايدىغان سىڭلىسىغا تەۋەلىكىنى بايقىغان.

«ت» خانىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىغا ئېيتىشىچە، ساقچىلار ئۇنىڭ ئاچىسىنى كۆپ قېتىم ئۆزى ھەققىدە سوراق قىلغان ئىكەن. ئۇ شۇندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشالمىغان بولسىمۇ، باشقا يوللار ئارقىلىق ئاچىسىنىڭ بىر مەزگىل لاگېرغا قامالغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى ۋە ھازىر ھەپتىدە بەش كۈن زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئاران ھەپتە ئاخىرىدىلا ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان.

دوكلاتتا «ئاقسۇ تىزىملىكى» ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتلار بېرىلگەن: «گەرچە ئەۋتكۈچىنىڭ سالاھىيىتى ئېنىقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىزىملىك 80 پىرسەنت ئاھالىسى ئۇيغۇر بولغان ئاقسۇدىكى مەلۇم بىر ئورۇندىن كەلگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ‹ئاقسۇ تىزىملىكى›دىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. تىزىملىكنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئەرلەر، قالغان يېرىمى

ئايالлار. ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋاقتى 2016 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى جايلاردا ھەتتا بىر كۈننىڭ ئۆزىدىلا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىنغان. مەنبەنى قوغداش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىمىز ‹ئاقسۇ تىزىملىكى›نىڭ ئېنىق ئورنى، ئېنىق ۋاقتى ۋە بىر قىسىم سانلارنى ئاشكارىلىمىدۇق».



كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بۇ تىزىملىكنىڭ چىنلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللانغان. مەسىلەن: ئۇلار بۇ جەدۋەلنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاقلاشقان. نەتىجىدە بۇ تىزىملىكتىكى 18 ئىسىم چەت ئەللەردىكى تۇغقانلىرى تەرىپىدىن جەزملەشتۈرۈلگەن. بۇ تىزىملىكتە يەنە 200 گە يېقىن كىملىك نومۇرى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ كىملىك نومۇرلىرىنى تەكشۈرگەن ۋە ئاز دېگەندە ئىككى نومۇر خىتاينىڭ ئەدلىيە تور بەتلىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش چىققان. يەنە 27 كىشىگە تەۋە تېلېفون نومۇرىنىڭ 14ىنى ئۈندىدار ئارقىلىق تاپقان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقسۇلۇق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. لاگېر مەسىلىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرمۇ بۇ ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ چىنلىقىنى دەلىللىگەن. بۇ تىزىملىك بىلەن بىرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاۋازلىق ھۆججەتنىڭمۇ ئاقسۇدىكى بىر لاگېر ئىچىدىن ئەۋەتىلگەنلىكى دەلىللەنگەن.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى دوكلاتىدا «ئاقسۇ تىزىملىكى»دىكى 2000 كىشىنىڭ لاگېرغا سولىنىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنى تۈرلىرى بويىچە تەپسىلىي يېزىپ چىققان.

ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، باللىرىغا دىنىي ساۋات بېرىش، خەتمە قۇرئان، ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاش، ساقال قويۇش، دىنىي يوسۇندا كىيىنىش قاتارلىق دىنغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر؛ كۆپ بالىلىق بولۇش، يانفون ئەپلىرىنى ئىشلىتىش، توردا ھۆججەت ھەمبەھىرلەش قاتارلىق تېلېفون ۋە تورغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر؛ تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئافغانىستان قاتارلىق «سەزگۈر» دەپ بېكىتىلگەن دۆلەتلەرگە بېرىش ۋە ياكى دۆلەت ئىچىدە ئاقسۇنىڭ سىرتىدىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىشتەك ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك سەۋەبلەر؛ مۇقىم ئادرېسى بولماسلىق، بەك كۆپ تېلېفون ئالماشتۇرۇش، كىملىكى بويىچە تىزىملىتىلغان تېلېفون ئىشلەتمەسلىك، توي خېتى قاتارلىق رەسمىي ھۆججەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، يوقاپ كەتكەن كىملىكىنى باشقا بىرى ئىشلىتىش، ئىجارىنى ۋاقتىدا تۆلىمىگەن بولۇشتەك سەۋەبلەر...

بەزى ئەھۋاللاردا ياش بولۇش، يەنى «1980 - يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان» بولۇشمۇ «خەۋپلىك كىشىلەر» قاتارىدا تۇتقۇن قىلىنىشقا سەۋەب بولغان. يەنە بەزىلەر نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىنمۇ قولغا ئېلىنغان. مەسىلەن: بىر ئەر 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا «ئايالىنى ئورىنىشقا

قىستىغان» دەپ قولغا ئېلىنغان. يەنە بىر ئەھۋالدا بىر ئايال 2013 - يىلى بىر قېتىم قەشقەرگە بارغانلىقى ۋە بىر قېتىم خوتەندە بىر كېچە تۇرغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى «ئاقسۇ تىزىملىكى» دىكى كىشىلەرنىڭ ئۈچ دائىرىلەرگە بويسۇنۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان ئۈچ خىل ئورۇنغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بايقىغان. مەسىلەن: ياۋاش - يۇمشاق تۇرۇپ، ئىپادىسى ياخشى بولغانلار «ئورتاق باشقۇرۇش رايونى» (يەنى普管区)غا ئەۋەتىلسە، گەپ قايتۇرغان، بوينى قاتتىقلىق قىلغانلار ياكى ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلار «قاتتىق باشقۇرۇش رايونى» (严管区)ۋە «كۈچلۈك باشقۇرۇش رايونى»(强管区)غا ئەۋەتىلگەن. تىزىملىكتە بەزى كىشىلەرنىڭ كېسەل بولغاندا (ياكى بالا ئېمىتىش ئۈچۈن) ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى، ئەمما سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تۇتۇپ تۇرۇشقا قايتۇرۇلغانلىقى قەيت قىلىنغان.





# مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقى خاتىرىلەندى

22 - دېكابىر ئىستانبۇلدا مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش تور يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

تور يىغىلىشىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار «مەرھۇمنىڭ ھاياتى ۋە پىكىر - چۈشەنچىلىرى» تېمىسىدا، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان «مەرھۇمنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرى ۋە خىتاي تۈرمىسىگە قامالغان ئىسكەنجە كۈنلىرى» تېمىسىدا، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان «مەرھۇمنىڭ خىزمەت - پائالىيەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى» تېمىسىدا، قەھرىمانماراش سۈتچى ئىمام ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا «مەرھۇمنىڭ بالىلىق چاغلىرى ۋە مىسىردىكى ئوقۇش جەريانى» تېمىسىدا، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ خەلپەتھاجىم «قاغىلىقتىكى دىنىي مەدرىسىنىڭ سەرخىللارنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى ۋە ئۇنىڭ ئۆرنىكى - مەرھۇم ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم 2016 - يىلى 22 - دېكابىر ئىستانبۇلدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدىكى مۇھىم بىر يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەرھۇم ئۇستاز ھايات ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ھەرقايسى ساھەلەردە چىڭ تۇتۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ روياپقا چىقارغان نۇرغۇن خىزمەتلەر ھېلىھەم خەلقىمىزگە خىزمەت قىلماقتا. شۇنداقلا ئۇ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى جىھادىي ھەرىكەتتىن باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت تەكىتلىگەن رەھبەر بولۇپ، بۇ پىكىرنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

ئاللاھ مەرھۇم ئۇستازغا شېھىتلىك ماقامى بەرسۇن! ياتقان يېرىنى جەننەتۇل فىردەۋس قىلسۇن!



## ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى

## «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»دەپ بېكىتىش مەسىلىسىنى تەكشۈرمەكتە

ئامېرىكىدا بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شەكىللەندۈرىدىغان - شەكىللەندۈرمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرمەكتە ئىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار ۋە ئەدلىيە ئەلچىسى مورس تان بۇ مەسىلىسىنى تەكشۈرىدىكەن ۋە خۇلاسىسىنى دوكلات قىلىدىكەن. لېكىن بۇنىڭ مۇددىتى نامەلۇم ئىكەن.

بۇ خەۋەر پرېزىدېنت ترامپىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشقا بىر نەچچە ھەپتە قالغان ۋاقىتتا ئاشكارىلانغان بولۇپ، ترامپ 3 - يانۋار ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا رەقىبى جوۋ بايدېنغا يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خىتايغا بېسىم چۈشۈرىدىغان يېڭى تەدبىرلەرنى ئېلان قىلىشتىن توختىمىدى.

ب د ت ئەھدىنامىسىگە ئاساسەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق «بىر مىللىي، ئېتنىك، ئىرق ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش نىيىتى» بىلەن ئۆلتۈرۈش ياكى تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىق قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ كەلگەن ئىدى.

پرېزىدېنت ترامپىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرايىن ئۆكتەبىردە بىر ئەقىل ئامبىرىنىڭ تور يىغىنىغا قاتناشقاندا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ھەققىدە توختىلىپ: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇنىڭغا يېقىن بىر قىلمىش» دەپ سۈپەتلىگەن.

# ئوبزور: ياپونىيەنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشى

دۇنيا تىنچلىق تەشكىلاتى، 2020 - يىلى 2 - دېكابىر



ئاپتور: كىرىستىيان بېرتۇزى (Christian Bertuzzi)

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇشىغا ئائىت يېقىنقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار ئالدىدا، كۆنسېرى كۆپلىگەن دۆلەتلەر دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن ئىسلاھاتى ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنى رەسمىي ئەيىبلەشنى تاللىدى. ياپونىيە بۇ يۈزلىنىشكە ئەگەشكەن دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى بىر مىسالى. قانۇن تۇرغۇزغۇچىلار ۋە نۇرغۇنلىغان دۆلەت تارماقلىرىنىڭ پارتىيە ھالقىغان بىرلەشمىسى باشچىلىقىدا ياپونىيە پارلامېنتى نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىدىغان قانۇن رامكىسى بەرپا قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

ھازىر ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ قارشى تەدبىرلەر ئاساسلىقى ئىقتىسادىي جازا شەكلىدە كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئامېرىكىنىڭ 7 - ئايدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلگىسىنى ئەينەك قىلىدۇ، بۇنىڭدا پارلامېنت ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا قاتناشقانلىقى ئېنىقلانغان تۆت شەخس ۋە بىر تەشكىلاتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى توڭلاتقان.

ياپونىيەدىكى پارلامېنت پائالىيىتى ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى مارتتا ئېلان قىلغان دوكلاتنىڭ تەسىرىدە باشلانغان بولۇپ، دوكلاتتا 11 ياپونىيە كارخانىسى ۋە ئۇلارنىڭ تارماق شىركەتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاي زاۋۇتلىرىغا تۇتىشىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلىگە چېتىشلىق بىر قىسىم ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن خەۋىرى بارلىقىنى ئىنكار قىلدى.

شۇنداقتىمۇ، دوكلاتتا ئېنىقلانغان شارپ شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم ياپونىيە شىركەتلىرى بۇ خىل زاۋۇتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە ۋەدە بەرگەن. شارپنىڭ بىر باياناتچىسى مۇنداق دېدى: «شىركىتىمىز

ھەر قانداق شەكىلدە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر بىزنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرىمىزنىڭ ھەر قانداق بىرىدە بۇ خىل قىلمىشلار بايقالسا، بىز بۇ تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش ئارقىلىق بولسىمۇ بۇنداق ھەرىكەتنى توختىتىمىز».

ئەگەر ياپونىيە بۇ قانۇن لايىھەسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ماقۇللىسا، ياپونىيەمۇ قانۇن چىقىرىپ خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى باستۇرۇشنى جاۋابكارلىققا تارتقان بىر قانچە دۆلەتكە قوشۇلىدۇ. ئەنگلىيەدىكى بىر تۈركۈم پارلامېنت ئەزالىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى ئامېرىكا بىلەن ماسلىشىپ، خىتاي زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىغا بولغان نارازىلىقىنى كۈچەيتىشكە چاقىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 16 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان بىر ئىتتىپاق خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش قىلمىشىغا دىلو تۇرغۇزۇشقا چاقىردى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ قارىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ جاۋابكارلىرىنى خەلقئارا سوتقا تاپشۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە قاماپ قويۇشى 21 - ئەسىردە ھۆكۈمەت باشچىلىق قىلغان ئەڭ دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىر مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلماننىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ(شەرقىي تۈركىستان - ت) رايونىدىكى لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىيىن - قىستاق ۋە خورلاشقا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى چۆرىدىگەن تەشۋىقاتنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر دۆلەت ئىچىدە مەسئۇل خادىملارنى جازالاش بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ بېسىملار ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ئېلان قىلغانغا ئوخشاش دوكلاتلار بىلەن كۈچەيدى، بۇ دوكلاتتا ھەر قايسى دۆلەت شىركەتلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە چېتىلىش دەرىجىسى كۆرسىتىلگەن.

شىركەتلەر ئىستېمالچىلارنىڭ ئۇلارنى تەمىنلىگۈچىلەر سادىر قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە كۆز يۇمغاندەك ھېس قىلىشىنى خالىمايدۇ، دۆلەتلەر گۈللەنگەن ۋە كۈچلۈك شىركەتلەرگە قۇچاق ئېچىشنىڭ ئىقتىسادىي ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئارزۇسى بار. ياپونىيە مىسالىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ شىركەت ۋە دۆلەتلەرنى ھەمكارلىشىپ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغانلارنى جازالاشقا



# ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى سەۋەبلىك خىتايغا ئېمبارگو يۈرگۈزەمدۇ ؟



خوڭكوڭ جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك گېزىتىنىڭ 17 - دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەمدە قاماپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا مەسئۇل خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى قاتارلىق دۆلەت ئەمەلىي گەۋدىلىرىگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىر قارار لايىھەسى تەييارلىغان ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى سىياسەت ۋەكىلى جوسىف بورېلنى بۇ ئەمەلدار ۋە ئەمەلىي گەۋدىلەرگە ئېمبارگو يۈرگۈزۈش - يۈرگۈزمەسلىكنى باھالاشقا چاقىرغان. لېكىن ياۋروپا پارلامېنتى قارار لايىھەسىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» قىلمىشىنى تىلغا ئالمىغان.

مەزكۇر ئاگېنتلىق ئېرىشكەن لايىھەگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىن باشقا، تىبەت قاتارلىق باشقا جايلاردىكى دىنىي ئەركىنلىك، ھەرىكەت ئەركىنلىكى ۋە باشقا ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇقلارغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىشنى پىلانلىغان شەخسلەرمۇ جازالىنىدۇ. بۇ قارار لايىھەسىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

لايىھەدە يەنە، خىتاي بىلەن بولغان ھەر قانداق ئومۇميۈزلۈك كېلىشىم چوقۇم خەلقئارا مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۈرۈش ئەھدىنامىسىدىكى مەزمۇنلارغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشقا ۋەدە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم، دېيىلگەن.

لايىھەدە ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ خەيكاڭ شىركىتىدىن تېرمال تەسۋىر ئۈسكۈنىسى سېتىۋالغانلىقىمۇ تەنقىد قىلىنغان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇندىن بۇرۇن مەزكۇر شىركەتنىڭ

ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئەيىبلىگەن ۋە شىركەتكە ئېمبارگو يۈرگۈزگەن ئىدى.




ئىگىلىنىشچە، ياۋروپا پارلامېنتى يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنى ئېمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىتاي ۋە خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا، دېموكراتىك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىشكە چاقىرىدىكەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 27 دۆلەت ئۆتكەن ھەپتە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا قارشى جازالاش تەدبىرى يۈرگۈزۈشكە قانۇني ئاساس سالىدىغان بىر يېڭى مېخانىزمنى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇ ئامېرىكىنىڭ «ماگنىتسكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى»دىن ئۆرنەك ئېلىنغان دەپ قارالغان ۋە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيونىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

لېكىن، ئۆتكەن ھەپتە ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرى ئالىي ۋەكىلى جوسېپ بورېلدىن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرغان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈش يۈرگۈزمەسلىكى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 27 دۆلەتنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ بۇ ھەقتە تەكلىپ سۇنمىغانلىقىنى ئېيتقان، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بۇ يېڭى قانۇنغا ئاساسەن تەكلىپ سۇنۇش ھوقۇقى بارلىقىنى تىلغا ئالمىغان.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى 2018 - يىلى ئاۋغۇستتا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاز دېگەندە بىر مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار خەلقئارالىق بىر تېمىغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

> ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورگانلار ۋە ئادريان زېنز قاتارلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىر قاتار دوكلاتلاردا، 2014 - يىلىدىن باشلاپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يىلىغا بىر مىليون 300 مىڭ كىشىنى لاگېرلاردا «قايتا تەربىيەلەش»كە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، بۇنداق بولغاندا لاگېرغا قامالغان، تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، قويۇپ بېرىلگەن ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە ئەۋەتىلگەن كىشىلەر سانىنىڭ سەككىز مىليونغا يېتىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىش مەسىلىسىمۇ خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2020 - يىلى ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار ئىككى قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى

ۋە ئاز ساندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە شىركەتلىرىگە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سەۋەبلىك ئېمبارگو يۈرگۈزدى.

بۇ يىل ئاۋغۇستتا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا پىرېزىدېنت نامزاتى جوۋ بايدېننىڭ ئۆمىكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپتىن بولسا، ئاقساراينىڭ بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو كۆپ قېتىم خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرىنىڭ 1930 - يىللاردىكى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان قىلمىشلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنىڭ بۇ ئەسىر يۈزىدىكى داغ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

دىلشات سۇلتان

2020 - يىلى 17 - دېكابىر






## ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى:

# خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارشى يېڭى جىنايەت مەيدانى شەكىللەندۇردى

ئامېرىكا كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندىنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان مۇتەخەسسىس ئادرىيان زىنز يېقىندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر دوكلات ئېلان قىلىپ، 570 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ پاختا ئېتىزلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلىقىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم خەلقئارادىكى تاراتقۇلارنىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇرنى پاختا ئېتىزلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى روھىي ھالىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشى» دەپ ئاتىدى.

مەزكۇر گېزىتنىڭ تەھرىراتى 20 - دېكابىر «خىتاي غەربىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى جىنايەتلىرىدە يېڭى بىر مەيدان ئاچتى» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلدى.

ماقالىدە ئۆتكەن ھەپتە «يەرشارى سىياسەت مەركىزى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلات تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «پاختا يىغىش خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى روھىي ھالىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يوقىتىشتىكى تىرىشچانلىقىنىڭ يەنە بىر كۆزنىكى» دېيىلگەن.

ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پاختا ئېتىزلىرىدا ئىشلەشنى رەت قىلسا، «تەربىيەلەش لاگېرى» نامىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىلىش بىلەن تەھدىت سېلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى يوقىتىپ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى يېڭىدىن شەكىللەندۇرۇش ئۈچۈن مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلانماقتا» دېيىلگەن.

ماقالىدە خىتايدىن پاختا مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت قىلىشقا قويۇلغان چەكلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن بولۇپ، «شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتايغا ئۇيغۇرلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قاماش ۋە ئۇلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشتىن قول ئۈزمىگۈچە، دۇنيانىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق تەنتەربىيە پائالىيىتى بولغان 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدىغان ۋاقىتمۇ كەلدى» دېيىلگەن.

ۋاشىنگتوندىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندىنىنىڭ ئەزاسى ۋە خىتاي ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن تونۇلغان ئادرىيان زېنز 14 - دېكابىر «يەرشارى سىياسەت مەركىزى»دە خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىقلارنى پاختا ئېتىزلىرىدا مەجبۇري ئەمگەككە سالغانلىقىغا دائىر بىر دوكلات ئېلان قىلدى.

زېنز دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ پاختا ئېتىزلىرىدا مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، رەسمىي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە خەۋەرلەر ئاساسىدا تەييارلانغان بۇ دوكلاتنىڭ «تارىخىي ئەھمىيەتكە» ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

> بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى بۇ يىل مارتتا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا، 2017 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلارغا مەجبۇري ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەزكۇر دوكلاتتا، 80دىن ئارتۇق دۇنياۋى كىيىم - كېچەك ماركىسىنىڭ خىتايدىكى تەمىنلەش زەنجىرىدە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى بارلىقى تەكىتلەنگەن.




خىتاينىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى

دۇنيا پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى



# شەرقىي تۈركىستاندا كىم «بەختلىك»؟

سوفى رىچاردسون، كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي بۆلۈمى باشلىقى

«تامامەن توغرا». خىتاي پىرېزىدېنتى شى جىنپىڭنىڭ بۇ ھەپتە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق ئېلىنىدۇ - ت) سىياسىتىنى تەسۋىرلىگەندە، بۇ ئىپادىنى ئىشلەتتى. خىتاينىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بۇ رايوندا 13 مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلار ئىزچىل دەھشەتلىك باستۇرۇشلارغا دۇچار بولماقتا.

بېيجىڭ بۇ رايون ھەققىدە دۇنياغا كۆپ قېتىم يالغان سۆزلىدى. ئالدى بىلەن «سىياسىي تەربىيەلەش» لاگېرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلدى، ئاندىن بۇ تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن «كەسپىي تەربىيەلەش» ئەسلىھەلىرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كېيىن ھەممە كىشىنىڭ «ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى»نى ئېيتتى. شۇڭا كوممۇنىست پارتىيە يىغىنىدا ئېيتىلغان بۇ ئەڭ يېڭى بايانغا ئېغىر دەرىجىدە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايونغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى بىخەتەرلىك بىلەن ئاربلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. كىشىنى چۆچۈتىدىغان كەڭ دائىرىدە «تېررورلۇق»قا قارشى «قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا، دائىرىلەر قورقۇنچلۇق كوللېكتىپ جازالاش ئۇسۇلىنى قوللاندى: بىر مىليون تۈرك مۇسۇلمان ئۇزۇن مۇددەت خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلدى، سىياسىي تەربىيەلەندى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 12 مىليون كىشى دۆلەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارىتى، مەدەنىيەت يوقىتىشى ۋە ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى.

ئىككىنچىدىن، خىتاي دائىرىلىرى «ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش» ۋەدىسىنى ئورۇنلىمىغان ئىكەن... 

ئىككىنچىدىن، خىتاي دائىرىلىرى «ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش» ۋەدىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۆكۈمەت ژۇرنالىستلار ۋە دىپلوماتلارنىڭ رايونغا كىرىشىگە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ زىيارەتلەر چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى، كەلگەندىن تارتىپ تاكى ئايرىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەمراھ بولۇشى ياكى ئىز قوغلىشىغا ئۇچرىدى. مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى، ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەنمۇ ئۆچ ئېلىنىشىدىن قورقۇپ پاراڭلىشالمايدۇ، زىيارەتچىلەر پەقەت دائىرىلەر ئۇلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىغان نەرسىلەرنىلا كۆرىدۇ. ئەڭ رەھىمسىز يېرى شۇكى، بۇ رايون دۆلەت سىرتىدىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارغا تاقىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇزۇن يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان ئائىلە ئەزالىرىنى، جۈملىدىن بالىلارنىمۇ ئىزدەۋاتىدۇ.

ئاخىرىدا، خەلقئارا بېسىمنىڭ كۈچىيىشى ئالدىدا، بېيجىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىچېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما بۇ بىر ئالدامچىلىق تەكلىپى باچېلېتنىڭ (ب د ت دۆلەت زىيارىتىنىڭ ئۆلچەملىك تەركىبىي قىسمى بولغان) شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ۋە توسالغۇسىز زىيارەت قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 18 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ھۆكۈمەت يەنىلا قوشۇلمىدى. بېيجىڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىسسارنى «قارشى ئېلىش» تەييارلىقى يالغان.

ئەگەر شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا ئېيتقىنىدەك شەرقىي تۈركىستاندا «خۇشاللىق» داۋاملىق ئاشقان بولسا، مۇستەقىل خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچىلەر، مۇھاجىرەتتىكى تۈركىي مۇسۇلمانلار ياكى باشقىلارنىڭ زىيارەت قىلىشىنى چەكلەشكە ھېچقانداق سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كۈچلۈك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆكۈنمەيدىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا تەكشۈرۈشنى توسۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى كېرەك.

2020 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر






## ئەلى بابا قاتارلىق كۆپلىگەن خىتاي شىركەتلىرى ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان

ئەلى بابا شىركىتىنىڭمۇ خۇاۋېي ۋە داخۇا قاتارلىق باشقا خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىز قوغلىشى ۋە خالىغانچە قولغا ئېلىشىغا ياردەم قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى.

ئەڭ يېڭى دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاينىڭ تېخنىكا ماگناتى ئەلى بابا كارخانىلارغا ئاپتوماتىك ھالدا ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان يۇمشاق دېتاللارنى تەمىنلەپ بەرگەن. تېخى يېقىندا، خۇاۋېي تېلېگراف شىركىتىنىڭ ساقچىلارغا ياردەملىشىپ، ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرىدىغان يۇمشاق دېتال ياساپ بەرگەنلىكى ئاشكارىلانغان بولۇپ، خۇاۋېينىڭ چەت ئەلدىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئىستېپا بەرگەن.

ئامېرىكىدىكى كۆزىتىش ساھەسى تەتقىقاتى ۋە نەشرىياتچىلىق ئورگىنى بولغان IPVM چارشەنبە كۈنى ئېلان قىلغان دوكلاتتا ئېيتىشىچە، ئەلى بابانىڭ بۇلۇت قالقىنى مەزمۇن بىخەتەرلىك سىستېمىسى يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىپ چىراي پەرقلەندۈرۈش كۆرۈنمە يۈزى ئۇچۇن ئورۇنلاشتۇرۇش قوللانمىسىدا سۈرەت ۋە سىنلاردىكى ئۇيغۇرلارنى قانداق بايقاش تونۇشتۇرۇلغان.

مەزكۇر ئورگاننىڭ ئېيتىشىچە، ئەلى بابا بۇلۇت قالقىنىنىڭ چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى كۆزئەينەك تاقىغان ياكى تاقىمىغان، كۈلۈمسىرىگەن ياكى كۈلۈمسىرىمىگەن، ئاسىيالىق ياكى ئاسىيالىق ئاز سانلىق مىللەت قاتارلىق ھەر خىل چىراي ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىيالايدىكەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە كەلگەندە، قوللانمىدا تىرناق ئىچىدە «ئۇيغۇر» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن.

IPVM نىڭ دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، بۇلۇت قالقان سىستېمىسىغا ئورنىتىلغان تېخنىكا مۇلازىمىتىنى سېتىۋالغان تور بېكەت ۋە سوپىلار ئۇيغۇر يۈز تەسۋىرى بار سۈرەت ياكى سىنلارغا ئەسكەرتىش ياكى بەلگە قويۇپ قويالايدۇ. مەسىلەن: ئەگەر بىر ئۇيغۇر كىشى توردا بىۋاسىتە تارقىتىش بەرسە، ئەلى بابا بۇلۇتىنىڭ سۈنئىي ئىدراك سىستېمىسى ئۇنىڭ يۈزىنى ئاپتوماتىك تونۇۋالىدۇ ۋە سىنغا بەلگە قويىدۇ، تور سوپىسى تېخمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشتىن بۇرۇن سىننى تەكشۈرەلەيدۇ ياكى ئۆچۈرەلەيدۇ.



IPVM تەتقىقاتچىسى دونالد مايىنىڭ ئامېرىكا ئاۋازى رادىيوسىغا بىلدۈرۈشىچە، ئەلى بابا خېرىدارلىرىنىڭ بۇ قورالنى ئىشلىتىۋاتقان ياكى ئىشلەتمەيدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇ: «ئۇنى تېخمۇ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشكە قويغاندا، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى شۇكى، بىز بۇ تېخنىكىلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا ئۇ خىتايدا بۇ خىل سىن كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ۋە نورماللاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دېدى.

ئۇ يەنە: «مېنىڭچە بۇ مىسال (ئەلى بابا) نىڭ ئالاھىدە يېرى شۇكى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى، ئەمما ئۇ بۇ يۇمشاق دېتالنى تور بېكىتىدە ئاشكارا چىقاردى».

ئەلى بابا خىتايدىكى ئەڭ چوڭ، دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇلۇت ھېسابلاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچى بولۇپ، ئۇ نيۇيورك ۋە خوڭكوڭ ئاكسىيە بازىرىدا سودا قىلىدۇ. IPVM نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى ئەلى بابانىڭ ئىنگلىزچە ۋە يەرشارى تور بېكەتلىرىدە تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ مەزكۇر ئەقتىدارنىڭ پەقەت خىتايدىكى خېرىدارلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تۇتقان مۇئامىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇرنى «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى لاگېرلاردا تۇتۇپ تۇرۇشى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى، چىراي تونۇش ۋە باشقا تېخنىكىلار ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىشى كەڭ دىققەت تارتتى. خەلقئارادا خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاش سادالىرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، ئەلى بابا ئاپتوماتىك ئۇيغۇر تونۇش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلدۇرغان تۇنجى خىتاي شىركىتى ئەمەس. IPVM چارشەنبە كۈندىكى دوكلاتىدا خىتايدىكى يەنە بىر

بۇلۇت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچى جىنشەن (Kingsoft Cloud) نىڭمۇ ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان چىراي تونۇش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. Kingsoft Cloud بۇ يىل مايدا Nasnak دا بازارغا سېلىنغان. IPVM ئالدىنقى ھەپتە ئېلان قىلغان يەنە بىر دوكلاتىدا، خۇاۋېينىڭ بۇلۇت سىستېمىسىدا خىتاينىڭ چىراي تونۇش شىركىتى مېگۋى تېخنولوگىيەسى (Megvii Technology) تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان يۇمشاق دېتالنى سىناق قىلغانلىقى، كۆزىتىش كامېراسىنىڭ كىشىلەر توپىدىكى ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقى ۋە ئاپتوماتىك ھالدا ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆتكەن يىلى نويابىردا، خەيكاڭ (Hikvision) شىركىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرەلەيدىغان كۆزىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ساتقانلىقى ئاشكارىلانغان.





# ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ دەۋا سەۋىيەسى

مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر

ئۇيغۇر ئاياللىرى دەۋادا قانچىلىك ئاكتىپ؟ دەۋادىكى ئۇسلۇب قانداق؟ دەۋاغا قېتىلىپ ئىلگىرىلەش جەريانىدا قانچىلىك رول ئويناۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر ئاياللىرى دەۋاغا قايسى جەھەتلەردىن تۆھپە قوشالايدۇ؟

مانا بۇ سوئاللارغا، شۇنداقلا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەر بىر ئۇيغۇر ئايالىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېرىمى ئەرلەر بولسا، ئاشۇ يېرىمىنى ئاياللار تۇغىدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ.

تارىختىن بېرى بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان، بولۇپمۇ يېقىنقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇم، قىيناش، قىرغىن قىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايىتى ئەڭ چېكىگە يەتكەن دەۋردە، بۇ زۇلۇمنىڭ ئەڭ ئېغىر قۇربانى يەنە ئاياللار بولماقتا.

تارىختىن بېرى دۆلەتلەر، قەۋملەر، تۈرلۈك كۆزقاراش ۋە ئېقىملار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردىكى تالاپەتلەردە ئاياللارنىڭ ئۇچرىغان زىيانلىرى ۋە خورلۇقلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خىتاي جاللاتلىرى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا يۈرگۈزگەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى زۇلۇمدەك ئېغىر بولمىغان ئىدى.

بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە ئۇچراۋاتقان ئاياللار بولسا شۇ خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ئىز-دېرەكسىز يوقىتىلغان، يالغۇز ياكى توپ-توپ ئوقۇتۇپ، كۆيدۈرۈپ ۋە ياكى كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئەرلەرنىڭ ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى، ئايالى ۋە قىزلىرىدۇر. بۇ زۇلۇم يەنە ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ باش تاجى، ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەرلەرنىڭ غەمگۈزار دوستى، كۆيۈمى ۋە مۇھەببىتى بىلەن مېھرىبان ئاتىلارنىڭ كۆز نۇرى بولغان قىز-ئاياللارنى ھىجابىدىن، كىشىلىكىدىن، غۇرۇرىدىن، ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن ۋە قەلبىنىڭ

يوشۇرۇن يەرلەردە ساقلانغان سىرلىرىدىن ھەم مەھرۇم قىلدى.

ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىغا بولغان سېغىنىشى، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى كۈتۈپ زار بولۇشى، پەرزەنتلىرىنى باغرىغا بېسىشقا بولغان تەشنالىقى، ئانا يۇرتىنىڭ ئىچىدە ياشاپمۇ، سىرتىدا ياشاپمۇ، ھەقىقىي ھۆرلۈككە بولغان ھەسرەتلىك كۈتۈشى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەقدىرى بولۇپ كەلدى.

بىراق بۇ دەرد ئەلەم ئۇيغۇر ئاياللىرىدا قانچىلىك ئىنتىقام تۇيغۇلىرىنى ئويغىتالىدى؟ ئىنتىقام تۇيغۇلىرىنى قانداق ئىپادە قىلالىدى؟

تېخىرقاپ قالغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا قانداق يولنى تۇتتى، تۇتۇۋاتىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابىنى مەن شەخسىي كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزىلىرىم ئاساسىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن بايان قىلماقچىمەن.

بىرىنچى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان 90% ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ خىتاي جاللاتلىرىغا قارىتا كەسكىن تونۇش شەكىللەندى. قالغان 10%ىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى بولسا ھازىرغىچە دۇنياغا خوجا بولۇش چۈشىدە ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاينىڭ بۇ زالىملىقىنى بىزگە نېمە ئۈچۈن يۈرگۈزگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقان بىر قايمۇقۇشتا. يەنە بىرقىسمى بولسا ياكى كىچىكىدىن سىڭدۈرۈلگەن خىتايپەرەس ئىدېئولوگىيەنىڭ چاڭگىلىدا ۋە ياكى ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ كەلمەكتە.




ئۇيغۇر ئاياللىرى زۇلۇمغا قارشى ھېچقانداق ئەركىن سۆز ۋە ھەرىكەتتە بولۇش ئەمەس، بەلكى ئىچىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىما-ئىشارەتلىرىنى ئىپادىلەپ قالسىمۇ جېنىغا زامىن بولىدىغان دىكتاتۇرا تۈزۈم ۋە بېسىمدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن، ياكى زۇلۇم ئاستىدا چوڭ بولسىمۇ ۋە ياكى بەزىلەر روھىي دۇنياسىدا بۇ زۇلۇمنى پەرقلەندۈرەلمەي، چەت ئەلگە چىققاندا «كۆزى ئېچىلغان» بولسىمۇ ۋە ياكى 2016 دىن كېيىن جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يېقىنلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پاجىئەلەردىن بىردىنلا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئويغىنىپ،

ئىككىنچى، خىتاينىڭ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، دەپ قارالغان 90%نى ئىگىلىگەن قىسمىنىڭ ئىچىدىن ئاز دېگەندە 30%ى بولسا كىچىكىدىنلا قويۇق دىنىي مەدرىسە مۇھىتىدا تەربىيەلەنگەن، دىنىي ھاياتقا ئادەتلىنىش داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرىگە ئەدەپ-ئەخلاق تەربىيەسى سۈپىتىدە سىڭىپ كەتكەن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ تەسىرىدە چوڭ بولغان ئاياللىرىمىزنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ تۈردىكى ئاياللىرىمىز ئېڭىدا ئاياللارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئۆيدە ئەرنىڭ خىزمىتىنى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، بالا بېقىش دەپلا چۈشەنگەنلىكى، سىرتقى

دۇنيادىكى بوران چاپقۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئەرلەرنىڭلا ۋەزىپىسى، دەپ تونۇيدىغان ئائىلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقىدەك ئەھۋالدا بولۇۋاتقان زۇلۇمغا ھەرقانچە غەزەپ-نەپرىتى بولسىمۇ، ۋەتەندىكى ئۆز ئائىلىسىگە، بارلىق قېرىنداشلارغا بولغان ھېسداشلىقى ئىچىنى ئېچىشتۇرسىمۇ، ئۇنى قانداق ئىپادىلەشتە تېڭىرقاپ قالغانلاردۇر.

شۇنداقلا بۇ تۇردىكىلەرنى يەنە قىساس ئېلىشنى ئايالارنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى قوراللىق ياكى كۈچ بىلەن ھەل قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ ۋە ياكى سىياسىي كۈچ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دىپلوماتىك كۈچلەرنىڭ ئىشى، دەپ قارىغان مەجھۇل چۈشەنچىلەردە قالغانلار تەشكىل قىلىدۇ.

**ئۈچىنچى،** 90%نى ئىگىلىگەن قىسمىنىڭ يەنە 20%ى بولسا ئايالارنىڭ سىياسىي سەھنە، دەۋا سەھنىلىرىدە، ھەق-ھوقۇقىنى دەۋا قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان تەدبىر ۋە ۋەسىلە بولىدىغان يوللاردا ئالدىغا ئۆتۈپ قېلىشنىڭ ئىسلامنىڭ ئايالارغا سىزىپ بەرگەن چەكلىمىسى ۋە رۇخسەت دائىرىسىدىن ھالقىغانلىق، دەپ قارىغانلارنى ۋە ياكى ۋەتەن دەۋاسى قىلىش ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پىكرىگە زىت، بۇ دۇنيادا پەقەت ئىككىلا پىرقە بار، ئۇ بولسىمۇ كاپىر ۋە مۇسۇلمان پىرقىسى، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن ۋە ۋەتەن ئۇقۇمىغا تەۋە بولغان كۈرەش سېپىدە بولۇش ھەقىقىي ئىسلامىي كۈرەشكە كىرمەيدۇ، دېگەن قاتمال ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېقىمغا تەۋە ئايالار.

**تۆتىنچى،** بۇ 90%نىڭ يەنە 20%ى بولسا ۋەتەندە ئەرلىرىنىڭ شۇنداقلا ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئۆيىدە ياشاپ كۆنگەن، ئۆرپ-ئادىتى، راھەت تۇرمۇشىغا، قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدىغان تۇرمۇش ھاياتىغا بەكلا كۆنۈپ كەتكەچكە، گەرچە زۇلۇم ئىچىنى ئېچىشتۇرسىمۇ، بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ راھىتىدىن ۋاز كېچىش ئارىسىدىكى زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلالماي، ھەر ۋاقىت ئىمكانىيەت تاپسىلا، بۇرۇنقى ئادەتلەنگەن ھاياتى بويىچە ياشاش تەرەپدارى بولۇپ كېلىۋاتقانلاردۇر.

بۇلارنىڭ ئىچىگە يەنە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىز-ئايالار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ قېتىلىپ كېتىدۇ. گەرچە ئوقۇغۇچىلار يۇقىرىقىغا ئوخشاش راھەت تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچەلمەي قالغانلاردەك بولمىسىمۇ، تىنچ ئوقۇش، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ياكى ئوقۇۋاتقان كەسپىدە نەتىجە قازىنىپ، ئېرىشمەكچى بولغان غايىلىرىگە يېتىشنى بىردىن بىر ۋەزىپەم، دەپ قارىۋالغۇچىلاردۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ غايىسى ياخشى ئوقۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسا، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بەزىلىرى بولسا كىچىكىدە بولمىسىمۇ ياشاۋاتقان دۆلەت، مۇھىت ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن كېيىن كاللىسىغا كەلگەن، كۆڭلىدە ئىشتىياق باغلاپ قالغان ئوقۇش ئارزۇلىرىنىڭ ئايىغىنى چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلاردۇر. كېلەچەكتە ئىلمى بىلەن دۆلەت ۋە مىللەتكە، ئىنسانىيەتكە چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئارزۇسىدا باش چۆكۈرۈپ ئوقۇۋاتقان، شۇنداق بولغاچقا دەۋا يولىدا قەدەم ئېلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ۋاقتى ئەمەس، دەپ قارايدىغانلارمۇ ھەم بۇ سەپنىڭ ئىچىدە.

بەشىنچى، بۇ 90%نىڭ قالغان 20%ى بولسا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى دەۋا قىلىنىۋاتقان ھەرقايسى گۇرۇھ، تەشكىلات ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىچى-سىرتىدا تۇرۇۋاتقان خانىم-قىزلار بولۇپ، ئۇلار ئائىلىدە ئانا، مەكتەپ-مەدرىسلەردە ئۇستاز ياكى ئوقۇغۇچى، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆز كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇش بىلەن بىرگە، دەۋا شوئارى ئاستىدا ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرۇپ كېلىۋاتقانلاردۇر.

ئەلۋەتتە يۇقىرىقى سانىغان كۆپ ساندىكى ئاياللاردىن دەۋاغا زىت يول تۇتقانلاردىن باشقىلىرى ۋىجدانلىرىنىڭ تۈرتكىسى ياكى ئېچىشقان يارىنىڭ ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئايدا ۋە ياكى يىلدا بىرەر قېتىم كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە ئۆزى قاتنىشىشقا تىرىشسىمۇ، ئۆزلىرى بارالمىسا ياكى بارغۇسى كەلمىسە بالىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق قېتىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكىدەك بىر ۋەزىيەتتە كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي، بىزنى پۈتۈنلەي يوقىتىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تۈرلۈك رەزىللىكلەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان خىتاي جاللاتلىرىغا قارىتا دەۋا قىلغان بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى ئاكتىپ ھەرىكەتتە بولۇۋاتقان دەۋا سېپىدىكى ھەر ساھە قىز-ئاياللىرى بولسۇن ياكى يۇقىرىدا سانىغان ھەرقايسى تۈرلەرگە تەۋە بولغان قىز-ئاياللىرىمىز بولسۇن، ئۆزىمىزنىڭ دەۋا سېپىدىكى تىرىشچانلىقىمىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز ئالدىدا تولىمۇ ئاز، سۈپەت جەھەتتە تولىمۇ تۆۋەن سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

مەن بۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئىسلامىي ھۆكۈملەردە بەلگىلەنگەن قىزىل سىزىقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە زىت پىكىردە بولماقچى ئەمەس. ئەلۋەتتە بىر مۇسۇلمان ئايال ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ قىز-ئاياللارغا بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى ئالدىنقى شەرت.

ئەمما بۇ چەكلىمە ۋە شەرتلەر نوقۇل ھالدا ئۆزىمىزنىڭ دەۋادىكى شەرئىي بەلگىلىمىلەر ئىچىدە قىلالايدىغان خىزمەت، ئوينايدىغان رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا قاتمال باھانە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى بىز مەريەم ئانىنىڭ سەۋرى، ئاسىيە ئانىمىزنىڭ ساباتى، خەدىچە ئانىمىزنىڭ پىداكارلىقى، سۇمەييە ئانىمىزنىڭ شېھىتلىكى، فاتىمە ئانىمىزنىڭ تەقۋادارلىقى، ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئىلمى، خەنسا ئانىمىزنىڭ ئوغۇللىرىنى شېھىتلىككە ئاتىغان چاغدىكى كۈچلۈك مەنىۋىيىتىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە ئالغان ئاياللارمىز.



بىز تىز پۈكمەس روھ بىلەن تارىختىكى ئوبرازىمىزنى چاقناتقان ئىپارخان، يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈل، ئايخان ئانىلارنىڭ ئىز باسارلىرىمىز.

قانداق قىلغاندا ھەقىقىي دەۋا قىلغۇچى بولالايمەن؟ قانداق قىلغاندا ئىنتىقام تۇيغۇلىرىمنى ھەقىقىي ئاكتىپ ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرالايمەن؟ قانداق قىلغاندا دەۋاغا بولغان خىزمىتىمدە ئۈزلۈكسىز، توختاۋسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيمەن؟ دېگەن سوئاللار ھەر بىرىمىز ئۈچۈن قەتئىي ۋە ئېنىق بولۇشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان دەرىجىدە ئۆزىمىزنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك! دەۋادىكى ئاجىز نۇقتىلىرىمىزنى بۆسۈش، كاللىمىزدا يېشىلمىگەن تۈگۈنلەرنى يېشىش يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنتۇمايلى، بىز ھەرقانچە تاغدەك باھانىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئاقلىساقمۇ، ۋەتىنىمىزدىكى ئاققان بىر جاننىڭ قېنى، دەپسەندە قىلىنغان بىر ئايالنىڭ ئاھى، ئىچكى ئەزاسى سۇغۇرۇۋېلىنغان بىر قېرىندىشىمىزنىڭ كۆيدۈرۈلگەن جەسىتى، قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ، مۇسۇلمان ئىسمى قويۇلغان بىر پەرزەنتىمىزنىڭ كاپىر قىلىپ تەربىيەلىنىشى، چېقىلغان مەسچىتلەر، خورلانغان دىنىمىز، يوقىلىۋاتقان ئانا تىلىمىز ۋە كىملىكىمىزنىڭ ۋابالىدىن ھېچقايسىمىز ھېچقانداق باھانە بىلەن قۇتۇلالمايمىز. يا بۈگۈن، يا ئەتە بۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم ۋە چوقۇم بېرىمىز!

2020-يىلى 20-دېكابىر، ئىستانبۇل




UYGHUR
10 DECEMBER
HUMAN RIGHTS
DAY
Rad
2020

# مەنبەلەر

https://turkistantimes.com/ug/news-14011.html
https://turkistantimes.com/ug/news-13647.html
https://turkistantimes.com/ug/news-14011.html
http://turkistantimes.com/uy/news-13764.htm
https://turkistantimes.com/ug/news-14083.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13635.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/2569
https://turkistantimes.com/ug/news-14056.html

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**